# 220469 - بىر كىشىگە بىر خالتا گۈرۈچ ھەدىيە قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ پىترە سەدىقىسىنى چىقارسا قانداق بولىدۇ؟

## سۇئال

بىر كىشى ماڭا ھاجىتىمدىن ئاشقۇدەك چوڭ بىر خالتا گۈرۈچ ھەدىيە قىلدى، مېنىڭ ئۆز ئىقتىسادىمدىن بازاردىن گۈرۈچ سېتىۋېلىشقا كۈچۈم يېتىدىغان تۇرسىمۇ، ئۇ گۈرۈچتىن ئۆزۈم ۋە ئائىلەمدىكىلەرنىڭ پىترە سەدىقىسىنى ئادا قىلسام توغرا بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئالالاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئالالاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىز ھەدىيە قىلىنغان گۈرۈچتىن ئۆزىڭىزنىڭ ۋە ئائىلىدىكىلەرنىڭ پىترە سەدىقىسىنى چىقارسىڭىز بولىدۇ، چۈنكى سىزگە ھەدىيە قىلىنغان نەرسە سىزنىڭ مۈلكىڭىز ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭدا ئىلىم-سېتىم، سەدىقە، ھەدىيە قاتارلىق ئىشلارنى قىلىسىڭىز بولىدۇ. بۇ ھەقتە 70272- نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بۇنىڭ تەپسىلاتى بايان قىلىنغان.

ئۆلىمالار (ئالالاھ ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن) دەلىل بايان قىلىپ: كەمبەغەلنىڭ يېنىدا بايلار بەرگەن زاكات توپلىشىپ، ئۆزىنىڭ ۋا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھاجىتىدىن ئاشسا، ئۇ كىشى ئۆزىدە توپلاشقان زاكات مېلىدىن پىترە سەدىقىسىنى بەرسە بولىدۇ دېدى.

شەيخ ئىبنى باز رەھمەھۇللاھدىن: باشقىلارنىڭ پىترە سەدىقىسى ۋە زاكاتلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان كىشى ئالغان سەدىقە ماللىرىدىن ئۆزىنىڭ پىترە سەدىقىسىنى بەرسە بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا. شەيخ جاۋاپ بېرىپ: ئەگەر ئۇ كىشىگە كېلىدىغان پىترە سەدىقىلىرى ھېيت-بايرامدىن ئىلگىرى كەلسە، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ پىترە سەدىقىسىنى ئادا قىلسا بولىدۇ، ئەمما ھېيت-بايرامدىن كېيىن كەلسە، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ كىشىنىڭ بەك كەمبەغەل بولغانلىقىدىن يېنىدا ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ پىترە سەدىقىسىگە يەتكۈدەك بىر نەرسە بولمىسا، ئۇ كىشىگە بىر نەرسە كەلمەيدۇ، لېكىن ئۇ كىشىنىڭ يېنىدا ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ پىترە سەدىقىسىگە يەتكۈدەك بىر نەرسىسى بولسا، ھېيت-بايرام كۈنى ھاجىتىگە يەتكۈدەك بىر نەرسىنى ئايرىپ قويۇپ، قالغىنىنى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ پىترە سەدىقىسى ئۈچۈن بەرسە بولىدۇ". [شەيخ ئىبنى بازنىڭ"نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋاسى"15-توم 291-بەت].

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.